# مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا دۇئا ئۆگۈتۈپ قويسلا! دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! سەن بىلەن قۇلىقىم، كۆزۈم، تىلىم، قەلبىم ۋە شەھۋىتىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن» دېدى

شەكىل ئىبنى ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا دۇئا ئۆگۈتۈپ قويسلا! دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! سەن بىلەن قۇلىقىم، كۆزۈم، تىلىم، قەلبىم ۋە شەھۋىتىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن»دېدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ترمىزىي"سۈنەن ترمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] نسائىي"سۈنەن نسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە شەكەل ئىبنى ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىدۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پانى دۇنيانى، ئازراق مالنى ياكى بىرەر كەمچەن يىمەكلىك سوراپ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇئا تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە دۇنيا-ئاخىرەتتە مەنپەئەتى بولىدىغان دۇئا ئۆگۈتۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىدى، مانا بۇ ساھابىلارنىڭ ھەقىقىتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇ كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كاتتا دۇئانى ئۆگۈتۈپ مۇنداق دېدى: سەن «ئى ئاللاھ! ( ئاللا تائالاغا گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاللاھ» دېگەن ئىسمى بىلەن يۈزلىنىپ دۇئا قىلدى) قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، يەنى قۇلاقنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ بىلەن ساقلىنىمەن، ئۇ بولسىمۇ: يالغان گۇۋاھلىق، كۇپرى سۆزى، تۆھمەت، دىننى كەمسىتىش قاتارلىق ئىنسان قۇلىقىغا يېتىپ قالىدىغان چەكلەنگەن سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر. كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۇ بولسىمۇ كۆزنى ناچار مەنزىرە، يىرىم يالىڭاچ قىلىم قاتارلىق چەكلەنگەن نەرسىلەرگە ئىشلىتىش. تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، يەنى تىلىدىن سادىر بولىدىغان يالغان گۇۋاھلىق، تىللاش، لەنەت ئوقۇش، دىنى تەرەپتىن، ئائىلىسى تەرەپتىن كەمسىتىش، ئىنسانغا پايدىسى يوق سۆزلەرنى قىلىش ۋە مۇھىم بولغان سۆزنى قىلماسلىق دېگەندەك بارلىق چەكلەنگەن سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش. قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۇ بولسىمۇ قەلبنى ئاللاھنى ئەسلەشتىن باشقا ئىشلار بىلەن ياشنىتىش ياكى ئۈمىت قىلىش، قورقۇش، چۈچۈش، ئۇلۇغلاش قاتارلىق قەلب ئىبادەتلىرى بىلەن ئاللاھدىن غەيرىگە يۈزلىنىش ياكى ئاللاھقا قىلىنىشى زۆرۈر بولغان قەلبى ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىش. شەھۋىتىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەۋرىتىمنىڭ ئاللاھ چەكلىگەن ئىشقا چۈشۈپ قىلىشىدىن ياكى مىنى زىناغا ئىلىپ بارىدىغان قاراش، سىلاش، مىڭىش ۋە كەسكىن ئىرادىگە كىلىش قاتارلىقلار. مۇشۇ بەرىكەتلىك دۇئادا ئاللاھ تائالا بىزگە نىمەت قىلىپ بەرگەن ئەزالارنى ساقلاش بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى بۇ جايدا مۇشۇ نىمەتلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھلىق تىلەشكە بۇيرىدى، ئى ئاللاھ! قۇلىقىمدىن پاناھ تىلەيمەن دەپ بۇ نىمەتلەردىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىمىدى، چۈنكى بۇلار نىمەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدۇ، قۇلاق پاناھ تىلىنىدىغان يامانلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس،لېكىن ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان يامانلىقتىن پاناھ تىلىنىدۇ، ئۇنى قوغداش ئۇنىڭ يارىتىلغان تەبىئىتىگە رىئايە قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئاسىيلىق قىلماسلىق، ئۇنىڭ بىلەن رەزىللىكنى تارقاتماسلىق بىلەن بولىدۇ، چۈنكى قىيامەت كۈنى ئىنسان بۇ نىمەتلەردىن سوئال قىلىنىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6163

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee